# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، شەرتلىك نىكاھتىن (شىغاردىن) چەكلىدى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، شەرتلىك نىكاھتىن (شىغاردىن) چەكلىدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

نىكاھلىنىشتىكى ئاساسى قائىدە: ئايال كىشى ئۆزىنى ئەرگە تاپشۇرۇش بەدىلى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مىھرى ھەققى بېرىلمەي تۇرۇپ نىكاھ تاماملانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت نىكاھىدىن چەكلىدى، بۇ نىكاھتا ئاياللغا ئىگە بولغانلار ئۇلارغا زۇلۇم قىلاتتى، چۈنكى ئۇلار مەلۇم مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆزى ۋەلى بولىدىغان ئاياللارنى مىھرى ھەققىسىز، ئۆزلىرىنىڭ شەھۋەت ئارزۇلىرىغا كۆرە، باشقا ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاياللارنى مىھرى ھەققى ئالماستىن ئۆزىگە نىكاھلاپ بېرىش بەدىلىگە ئۇلارنى نىكاھلاپ بېرەتتى. مانا بۇ زۇلۇم، ئاللاھ تائالا بۇيرۇمىغان تەرىقىدە ئاياللارنىڭ ئىپپەتلىرىنى دەپسەندە قىلىشتۇر. بۇ دىندا چەكلەنگەن ۋە باتىل ئىشدۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5849

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee